# قول تۇتۇشۇپ دۇنيا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

## تەبرىك خېتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قىممەتلىك تەبىئىي بايلىق قالدۇرۇش. بۇ، جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەنى قوغداشنى ئالغا سىلجىتىش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىرى.

جۇڭگو ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈشى، ھەم چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن كەڭ ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك. بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەرنىڭ «دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى قۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ دۇنيا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، 1 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت باغچىسى مۇنبىرىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئالدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

شى جىنپىڭ

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى قوغداپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قىممەتلىك تەبىئىي بايلىق قالدۇرۇش. بۇ، جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەنى قوغداشنى ئالغا سىلجىتىش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىرى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈشى، ھەم چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن كەڭ ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك. بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەرنىڭ «دۆلەت باغچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى قۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ دۇنيا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 1 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت باغچىسى مۇنبىرى چىڭخەي شىنىڭدا ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن شياۋگۇاڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

1 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت باغچىسى مۇنبىرىنى دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن، ئاساسىي مۇنبەر، شۆبە مۇنبەر، تەرەپلەر يىغىنى، مەيدان سىرتىدا ھەمتۈرتكە بولۇش ۋە كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، دۆلەت باغچىسى تۈزۈلمىسى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئۆلكىلەر، ئالاقىدار تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، ئالاقىدار دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 450 كىشى مۇنبەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ دانا، توغرىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشتە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»قا بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تارىخىي تەپەككۇرنى تۇرغۇزۇپ، تارىخىي نەزەرنى يېتىلدۈرۈپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش قەلبى، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەينەن ئۆگىنىش، چوڭقۇر سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ ئۆگىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ ياخشى تەشۋىق قىلىش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ شانلىق تارىخى، كۈرەش مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ ئىلغار سىياسىي خۇسۇسىيىتى، ئالىيجاناب سىياسىي غايىسى، يۈكسەك سىياسىي ئىنتىلىشى، ساپ سىياسىي پەزىلىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش قويۇق كەيپىياتىنى تولۇق يارىتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەستايىدىل ياخشى تەتقىق قىلىش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى تەشۋىق ـ تەربىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شانلىق مۇساپىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ياخشى خاتىرىلەش، ياخشى رەتلەش، ياخشى تەتقىق قىلىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەقىقىي ياخشى قوللىنىش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى تارىخىي ئەقىل ـ پاراستى، تارىخىي تەجرىبىلىرىنى قوللىنىپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى ئارقىلىق پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. بەشىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زور كۈچ بىلەن ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئىنقىلابىي تارىخنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ، ئىنقىلابىي روھقا ۋارىسلىق قىلىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، غايە ـ ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادچىلىرى، سىياسىيغا سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەر، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتقان يول ئاچقۇچىلار، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېرىقچىلار، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان كۈرەشچىلەردىن بولۇشقا تەربىيەلەپ ۋە يېتەكلەپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ داشۆسى قانۇنشۇناسلىق شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن شۆبە مۇدىرى ئەركىن سامساق مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە، باشتىن ـ ئاخىر پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايون، مىللەت، دىن بىلەن باغلىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش روھى نامايان قىلىندى، بۇ ھەم شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمەت ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەمەتئابدۇللا ئەنۋەر مۇنداق قارىدى: بىر قىسىم كىشىلەر دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زەھەرلىشىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچراپ، نورمال تۇرمۇشنىڭ ۋە قانۇننىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئەقلىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان. ئۇلارغا پائال ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ ياخشى سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

«تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئىزچىل تىرىشىپ تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى، ئازادە ئۆگىنىش، تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى» دېدى مەمەتئابدۇللا ئەنۋەر.

خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىۋاتقان ئابدۇقاھار ھەبىبۇللا ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ياتىقىدا تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ بار، ھەر ۋاقىت ئىسسىق سۇدا يۇيۇنغىلى بولىدۇ، ئاشخانىدىكى يېمەكلىكلەرمۇ ناھايىتى مول.» ئابدۇقاھار مۇنداق دېدى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە يەنە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئۆيى، پسىخىكا مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ۋاقتىدا ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئابدۇقاھار تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن بىللە بىليارت، تېننىس توپ ئوينايدۇ ھەم پاراڭلىشىش ئۆيىدە ئائىلىسىدىكىلەر، دوستلىرى بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشالايدۇ. «مېنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەم خېلى ئۆستى، باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشۇمدا تامامەن مەسىلە يوق، مەن كەلگۈسىمنى ئۈمىدكە تولغان دەپ قارايمەن» دېدى ئابدۇقاھار.

تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە قارىتا ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ ـ داۋالىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى باراۋەر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇردى.

ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلغا يېقىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمەي، كەڭ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى.

«بىزنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئەسەبىي ئىدىيەنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشىمىز كېرەك. بىز دېھقانلارمۇ ئىدىيە قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، دەۋر قەدىمىگە زىچ ئەگىشىشىمىز كېرەك.» قەشقەر شەھىرى پاختەكلى يېزىسىدىكى كەنت ئاھالىسى ئابدۇخېلىل قۇزاق مۇنداق دېدى: «تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بولمىسا، بۈگۈنكى تىنچ، مۇقىم تۇرمۇش بولمايتتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بەرگەن تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرى بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز بولمايتتى».

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگو چېگرا رايون تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لۇ ۋېنلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاق تاشلىق كىتاب سىرىتتىكىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارغا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى ۋە قانۇنلۇقلۇقىنى ئېنىق چۈشەندۈردى ھەم ئەمەلىي مىساللارنى كۆرسىتىش، سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىش قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئۇسۇللار ئارقىلىق شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى نامايان قىلدى. ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ «شىنجاڭ تەجرىبىسى» ئۈستىدە ئىزدىنىشتە پائال رول ئوينايدۇ ھەم دۇنيانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە تۆھپە قوشىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

# كوممۇنىستلار ئېتىقادىنىڭ ئابىدىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇزۇن سەپەر يازغىنى كۈرەش تارىخى، تەكلىگىنى ئېتىقاد ئابىدىسى. «باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇقىدا كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى نەدىن ئىزدەش كېرەك؟ ئۇ ئاشۇ ھاياتلىق بىلەن ئۆلچەش سىزىقىغا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە تېمىغا، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشقا دائىر سانسىزلىغان ھېكايىلەرگە ئويۇلغان» دېدى چاڭتىڭ ناھىيەسىدە زىيارەتتە بولغان خەلق گېزىتى مۇخبىرى يەن كى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە «سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۈرەشچان يېڭى دەۋر — مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1300دىن كۆپرەك مۇخبىر ئەينى يىللاردىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر قەدىمىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، نەق مەيداندا چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلىپ، جەمئىي 16 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك مۇساپىنى بېسىپ، 10 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلان قىلدى.

«ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى خۇبېي شىيەن يۇڭشىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان خۇبېي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرى ياڭ خۇيخۇانى ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

يول بويى، ياڭ خۇيخۇا قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردە يېتىپ بارغانلىكى جايدا دېھقانلارنى خوجايىنغا ئايلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ بەختىنى كۆزلەش تەشەببۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. «بۇ قەغەزگە بېسىلىپ، تامغا يېزىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان.»

ياڭ خۇيخۇا مۇنداق دېدى: ئۇزۇن سەپەر روھى تۆركۈملىگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان، ھەممىدىن غالىب كېلىدىغان، چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتىدىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان قىلىپ، قىلچە تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئىشىنىپ يېزىپ چىققان كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر قاتار سەھىپىسىدۇر.

زۈنيى يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ ئەڭ ياش چۈشەندۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 24 ياشلىق جوۋ پېڭچىڭ ئۇزۇن سەپەر ھېكايىلىرىنى يادلاپ قەلبىگە ئورناتقاچقا، راۋان چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئۇزۇن سەپەر ھېكايىسى شياڭجياڭ ئۆتۈشى، ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئۇزۇن سەپەردىكى شەخس قىزىل 34 ـ شىنىڭ «كەسكىن ئىرادىلىك» شىجاڭى چېن شۇشياڭ ئىدى.

«ھەر قېتىم بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلىگەندە، دائىم كۆزلىرىم ياشقا تولىدۇ ھەم كۆپلىگەن ساياھەتچىنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن» دېدى ئۇ.

چۈشەندۈرگۈچى بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جوۋ پېڭچىڭ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دائىم خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۇزۇن سەپەرنى مۇھاكىمە قىلدى، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۇزۇن سەپەرگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇدى. «ئەڭ مۇھىمى، مەن باش شۇجى مۇھىم يوليورۇقىدا ئېيتقان ‹قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ نەستە قولغا كەلگەنلىكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەستە قۇرۇلغانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نەستە بەرپا قىلىنغانلىقى› توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، ھەر ۋاقىت ئۆزۈمگە ھازىرقى تۇرمۇشنى قەدىرلەشنى ئەسكەرتىپ تۇرىمەن. چوقۇم تېخىمۇ كۆپ ياشنى ئۇزۇن سەپەر توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش كېرەك.»

جياڭشى ئۆلكىسى گەنجوۋ شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ كادىرى ۋاڭ كەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ۋاڭ چېڭدېڭنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا دائىم بوۋىسىنىڭ ئۇزۇن سەپەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىنى ئاڭلايتتى: جىياجىنشەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتكەندە، سەپداشلار بىلەن بىللە ئېگىز تاغدىكى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي يۇقىرىغا ياماشتۇق؛ سەپداشلار كونا يېپىلىك كىيىم كىيگەن بولۇپ، چىغ چۆرۈققا قار توشۇپ كەتكەنىدى، يېنىمدىكى بەزى سەپداشلىرىم تېيىلىپ يىقىلغاندىن كېيىن قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى...

«يېڭى سەپەر ئاللىقاچان باشلاندى.» ۋاڭ كەن مۇنداق دېدى: ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھى «ھايات ۋە ئىسسىق قان بىلەن تاۋلانغان»، ئۇزۇن سەپەر ھېكايىسىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش ئۇزۇن سەپەر روھىنى شەرھلەشتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

55 ياشلىق سۈن بىنتاۋ يۈننەن ئۆلكىسى دېچىڭ ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، بۇ قېتىم مۇخبىرلار بىلەن بىللە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇزۇن سەپەر روھىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

«ئۇزۇن سەپەر تارىخىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۇزۇن سەپەر روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈندۇر.» سۈن بىنتاۋ مۇنداق دېدى: «پارتىيە تارىخى خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىشتا ئۇزۇن سەپەر ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇزۇن سەپەر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، دېچىڭ زاڭزۇلار رايونىنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى، خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمەن».

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، «سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۈرەشچان يېڭى دەۋر — مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەتنىڭ ئاخىرلىشىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى نەق مەيداندا، 42 ياشلىق لىيۇ جاۋپېڭ ھەربىي فورما كىيىپ: «ئەڭ ئاخىرقى بىر سىقىم گۈرۈچنى ھەربىي ئاشلىققا ئىشلىتىمىز؛ ئەڭ ئاخىرقى بىر چى رەختتىن سىزگە كىيىم تىكىمىز؛ ئەڭ ئاخىرقى يوتقاننى نوسىلكىغا ياپىمىز؛ ئەڭ ئاخىرقى پەرزەنتىمىزنىمۇ قىسمىغا ئەۋەتىمىز» دەپ ناخشا ئېيتتى.

لىيۇ جاۋپېڭ خۇيىنىڭ ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىدىكى ئۆتكەن ئىشلارنى شۇ جاينىڭ خەلق ناخشىلىرىغا سىڭدۈرۈپ ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئادەتتە دەرسخانىدا باللارغا بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەتكەچ، بىر تەرەپتىن قىزىل ئارمىيە خۇيىڭدا ئۇچراشقان مەزگىلدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، ئۇزۇن سەپەر كوممۇنىستلار ئېتىقادىنىڭ ئابىدىسى، بىز يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا داۋاملىق ياخشى مېڭىشىمىز كېرەك.» لىيۇ جاۋپېڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇ لۇنىڭ قارىشىچە، يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا، ھەربىر كىشى باش پېرسوناژ بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى بار، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ياخشى ماڭسىلا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياخشى مېڭىشىدىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ. «پارتىيەنىڭ ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەممىدە خەلقنى كۆزلەيدىغان ئەسلىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ‹ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك› بولۇشنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يول بويى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئۇزۇن سەپەر روھىنى ئاخبارات ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرىمەن.»

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**